# پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېز بەرپا قىلىمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى قاتارلىق پاكىز ئېنېرگىيە كەسىپلىرىنى زورايتىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىمىز.

«مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا كارخانىلارنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىكى سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى.» شىنجاڭ يول ـ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش ئىنژېنېرى لى خېيەن مۇنداق بىلدۈردى: «بىز يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرىنى ئالغا سىلجىتىش، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈش، ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭى بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈپ، كەسىپلەرنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېز ئالغا سىلجىتىمىز».

«كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقى يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسى.» شىنجاڭ جۇڭتەي (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر ۋاڭ خۇڭشىن مۇنداق دېدى: جۇڭتەي گۇرۇھى مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، قىممەت زەنجىرىنى ئۆستۈرۈپ، تەمىنلەش زەنجىرىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق رەقەملەشتۈرۈپ تېپىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، كارخانىنىڭ رىقابەت كۈچىنى يەنىمۇ ئۆستۈرىدۇ.

«كۈچلۈك ئىچكى بازار شەكىللەندۈرۈش يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم تىرىكى.» جىمسار ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى شۇ خۇيېن مۇنداق بىلدۈردى: «بىز تۈرلۈك ساياھەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش، مەدەنىيەت، ساياھەت ئىستېمال بېلىتى تارقىتىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ساياھەت ئىستېمالىنى ئىلگىرى سۈرىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە «مەدەنىيەت+ساياھەت» «تەنتەربىيە+ساياھەت» «يېزا ئىگىلىكى+ساياھەت»نى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ساياھەت مۇھىتى ۋە سۈپىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئىستېمالنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولىمىز».

شىنجاڭ باج ئىدارىسى ئورگان پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى دىلشات ئەخەت مۇنداق دېدى: «مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بىز يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش، باج ساھەسىدىكى «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتى قاتارلىق تەدبىرلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتىمىز».

مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلەندى: ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەرەققىيات ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۈچەيتىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چۆچەك شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، چۆچەك شەھىرى چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خو شۆفېڭ مۇنداق دېدى: چۆچەك شەھىرى ئىقتىساد ساھەسىدىكى ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى بەرپا قىلىپ، چوڭ تۈرلەر، ياخشى تۈرلەرنى كۆچەپ كىرگۈزۈپ، يېتەكچى كەسىپلەر تىك يۆنىلىشلىك تۇتاشتۇرۇلغان، توغرا يۆنىلىشلىك يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن كەسىپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرىدۇ.

**(مۇخبىر لى ياڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار فەن خۇڭبى، شى شىن، مېھرىگۈل ناسىر، لياڭ لىخۇا، ئىختىيارى مۇخبىرلار سۈن فۇچۈەن، لى جيەنچېڭ)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سودا چەمبىرىكى «باشقۇرغۇچى»سى تەسىس قىلىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى، قانۇن مۇلازىمىتى ۋە ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى.

بەخت مەھەللىسىنىڭ 1 ـ شۇجىسى، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش»خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى دەي دۇڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: تەۋەلىكىمىزدىكى 714 سودىگەر، 8000 غا يېقىن كەسىپكارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، سودا چەمبىرىكى «باشقۇرغۇچى»سى سودىگەرلەرنىڭ ئېھتىياجىنى يېتەكچى قىلىپ، ھەر ئايدا سودىگەرلەر ۋەكىللىرىنى قەرەلسىز سۆھبەتكە تەكلىپ قىلدى، ھەم توردا سوئال قەغىزى تارقىتىپ تەكشۈرۈش ۋە چوڭ سانلىق مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، مۇلازىمەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ، قاراتمىلىققا ئىگە ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، سودىگەرلەرنىڭ قىيىنچىلىقى، ئىلتىماس ـ تەلىپىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى.

كونكرېت مەشغۇلات جەريانىدا، سودا چەمبىرىكى «باشقۇرغۇچى»سى مەھەللىگە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش»خىزمەت ئەترىتى ئەۋەتكەن ئورۇنلار قاراماي شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ۋە ئاممىۋى بايلىق سودا مەركىزى، شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق تۆت ئورۇننىڭ فۇنكسىيە ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، ئېھتىياج قېتىم سانى يۇقىرى بولغان 80 تۈرنىڭ تىزىملىكىنى رەتلەپ چىقىپ، 30دىن ئارتۇق مۇلازىمەت ئىش تۈرىنى ھۆكۈمەت ئىشلىرى زالىدا بېجىرىشتىن سودا چەمبىرىكى «باشقۇرغۇچى»سى بېجىرىشكە ئۆزگەرتتى، 1242 مۇلازىمەت ئىش تۈرىنى توردا بېجىرىشكە ئۆزگەرتتى.

«بىز سودا چەمبىرىكى ‹باشقۇرغۇچى›سى ئارقىلىق مۇلازىمەت تېپىدىكى، ئىقتىدار تېپىدىكى پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى ـ ئامما ئورتاق قۇرۇش مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش نەتىجىلىرىدىن سودا چەمبىرىكىدىكى كەسىپكارلارنى مەنپەئەتلەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى دەي دۇڭ.

بەخت مەھەللىسى يەنە سودا چەمبىرىكى «باشقۇرغۇچى»سىنى تايانچ قىلىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئورنى، بانكا قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار ھەم يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنى پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى بىلەن قوللىدى، تەۋەلىكىدىكى سودىگەرلەر يېقىن ئەتراپتىلا سودا چەمبىرىكى «باشقۇرغۇچى»سىدىن مەسلىھەت سورىيالايدۇ ھەم ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش ھەم ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل قاتارلىق ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. سودا چەمبىرىكى «باشقۇرغۇچى»سى تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان، جەمئىي 370 سودىگەرنىڭ 3 مىليون 55 مىڭ 200 يۈەن ئۆي ئىجارىسىنى كېمەيتىپ، كەچۈرۈم قىلدى، 94 كىچىك، ئۇششاق كارخانا ۋە سودىگەرنىڭ 7 مىليون 520 مىڭ يۈەن ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل بېجىرىشىگە ياردەم بەردى.

بۇ يىل سودا چەمبىرىكى «باشقۇرغۇچى»سى يەنە قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمەت كۆزنىكى تەسىس قىلىپ، سودىگەرلەر ۋە ئاھالىلەرنى قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى، سودىگەرلەرگە باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق ئالاقىدار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى. ھازىرغىچە، سودا چەمبىرىكى «باشقۇرغۇچى»سى سودىگەرلەر ئۈچۈن توختام ماجىراسى، ئەمگەكچى ئىشلىتىش زىددىيىتى، مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش، ئائىلە مەسىلىسىدىن مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى جەمئىي 50 قېتىمدىن ئارتۇق مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ ناھايىتى ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

«قىيىنچىلىق بولسا سودا چەمبىرىكى ‹باشقۇرغۇچى›سىنى ئىزدەيمىز.» بەخت مەھەللىسىدىكى سودىگەر ما جيەنگونىڭ ھاياجانلانغان ھالدا ئېيتىشىچە، ئالدىنقى بىر مەزگىلدە ئۇ سودا چەمبىرىكى «باشقۇرغۇچى»سىنىڭ قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى ئارقىلىق، ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنى قىيناۋاتقان بىر ئىقتىساد ماجىراسىنى ھەل قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، سودا چەمبىرىكى «باشقۇرغۇچى»سى تىلغا ئېلىنسىلا، ئۇ باش مالتىقنى چىقىرىدىغان بوپتۇ.

سودا چەمبىرىكى «باشقۇرغۇچى»سىنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش ئاساسىدا، بەخت مەھەللىسى يەنە مەھەللە «بەختلىك ئائىلە» ۋىيشىن كىچىك پروگراممىسىنى ئېچىپ، سودا چەمبىرىكى «باشقۇرغۇچى»سىنىڭ مۇلازىمىتىنى ئەمەلىي گەۋدە مۇلازىمىتىدىن ئەقلىي ـ پاراسەت مۇلازىمىتىگە ئۆزگەرتتى. كىچىك پروگراممىغا سودا چەمبىرىكىدىكى كەسىپكارلارنىڭ تۇرمۇش مۇلازىمىتى، سودا چەمبىرىكى بىلەن ئاھالىلەر چەمبىرىكى ئۆزئارا ھەمتۈرتكە بولۇش، سودا چەمبىرىكىنىڭ تەمىنلەش ـ ئېھتىياج ئۇچۇرى قاتارلىق مەزمۇنلار توپلانغان بولۇپ، «سانلىق مەلۇماتنى كۆپرەك يوللاپ، ئاممىنى ئاز قاتراتىش» ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، پارتىيە تەشكىلاتى بىلەن سودىگەرلەر ئوتتۇرىسىدا «قەلبنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك» سېلىندى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ماراكەش «ئافرىقا يېڭىلىق يارىتىش ھەپتىلىكى» 2016 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، كەشپىياتچىلار جەمئىيىتى خەلقئارا بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاپپاراتلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. بۇ قېتىم كەشپىيات ئالتۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن نەتىجىلەر شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى كېۋەز يېتىشتۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى تيەن لىۋېن كوللېكتىپىنىڭ ئۇرغۇن پاتېنت تېخنىكىسىنى تىرەك قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى، خۇاجۇڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تېخنىكىلىرىنى قوبۇل قىلغان. بىرىنچى كەشپىياتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 5 ـ نۆۋەتلىك ماراكەش «ئافرىقا يېڭىلىق يارىتىش ھەپتىلىكى»دە تيەن لىۋېنغا يەنە «يېڭىلىق يارىتىش ئۇستىسى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى كېۋەز تەتقىقات ئورنىنىڭ دۆلەت كېۋەز يېتىشتۈرۈش باش مۇتەخەسسىسى ماۋ شۇچۈننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، «بوستانلىقتا پاختىنى يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاچقۇچلۇق تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۇنى قوللىنىش» نەتىجىسى كېۋەز ئۇرۇقىنى كۆپەيتىش، تېرىش، سۇ، ئوغۇتنى پىلانلىق ئىشلىتىش، يىغىۋېلىش قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە بۆسۈش ھاسىل قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۇجۇپىلەپ تېرىش، مايسىنى ساقلاش تېخنىكىسىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئەڭ قىممەتكە ئىگە ئىكەن. يېرىلىپ كەتكەن ئۇرۇقنى ئۈنۈملۈك تازىلاپ چىقىرىۋەتكىلى بولمىغاچقا، دۆلەت ئىچى، سىرتىدا ئومۇميۈزلۈك بەلگىلەنگەن لاياقەتلىك كېۋەز ئۇرۇقىنىڭ بىخلىنىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەن چەك قىممىتى ئاران 80% ئىكەن. بۇ دۇنياۋى قىيىن مەسىلىگە قارىتا، تيەن لىۋېن كوللېكتىپى يېرىلىپ كەتكەن ئۇرۇقنى يۇقىرى ئۈنۈمدە چىقىرىۋېتىش ماشىنا ـ ئۈسكۈنىسىنى كەشىپ قىلدى، يەنە سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش رايونىنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر ـ سەنئەت تەرتىپىدە يېڭىلىق يارىتىش تېخنىكىسىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئۇرۇقنىڭ بىخلىنىش نىسبىتىنى 88.0%تىن 96.0% كىچە بولغان ئارىلىقتا مۇقىملاشتۇردى. بۇ تېخنىكىلار دۆلەت ئىچى، سىرتىدا تۇجۇپىلەپ تېرىش تېخنىكىسىنىڭ كۆپىنچە ماشىنىسازلىق لايىھەسى بىلەن چەكلىنىپ قېلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش ۋە دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى يۈرۈشلەشتۈرۈشكە سەل قاراش ۋەزىيىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بىخلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، يەنە كېۋەزلىكتە مايسا ساقلاش نىسبىتىنى 85.1%تىن 92.2%كىچە يەتكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەتراپتىكى سېلىشتۇرما كېۋەزلىكتە مايسا ساقلاش نىسبىتىگە سېلىشتۇرغاندا ئوتتۇرىچە 10.5 پىرسەنت پوئىنت ئاشۇردى. «بۇ ‹بىر تۆشۈككە بىر تال ئۇرۇق سېلىش› تەك كېۋەزنى تۇجۇپىلەپ تېرىش تېخنىكىسىنىڭ شىنجاڭدا كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىلگىرىكى ‹بىر تۆشۈككە كۆپ ئۇرۇق سېلىش› تەك تېرىش ئۇسۇلىغا سېلىشتۇرغاندا، ماددىي كۈچ ۋە ئادەم كۈچى تەننەرخىنى ئۈنۈملۈك تۆۋەنلەتتى.» دېدى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ دوكتور يېتەكچىسى شۇ ۋېنشيۇ.

بۇ يىل 7 ـ ئايدا، بۇ كوللېكتىپنىڭ پاتېنت نەتىجىسى «شىنجاڭ پاختىسىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى يېنىك، ئاددىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئاچقۇچلۇق تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۇنى قوللىنىش» ئاپتونوم رايونلۇق تېخنىكا كەشپىيات مۇكاپاتىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ھازىرغىچە، بۇ كوللېكتىپ 13 تۈرلۈك پاتېنتقا ئېرىشتى، ئىككى تۈرلۈك پاتېنت دۆلەت بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى تەرىپىدىن «جۇڭگو پاتېنت مۇنەۋۋەر مۇكاپاتى» بولۇپ باھالاندى.

جۇڭگو ئىنژېنېرلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى يۈ شۇشۇن مۇنداق قارىدى: بىر تالدىن ئۇرۇق سېلىنىپ تۇجۇپىلەپ تېرىلغان كېۋەزلىكتە مايسىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ يۈرۈشلۈك ئۇسۇلىدىن باشقا، بۇ كوللېكتىپنىڭ پاتېنتى بولغان 300 ئۇرچۇقلۇق ئىنچىكە تالالىق پاختا يىپ ئېگىرىشتە خام ئەشيا قىلىنىدىغان ئورگانىك ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىمۇ بۆسۈش خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان خام ئەشيادىنمۇ ئىنچىكە تالالىق 300 ئۇرچۇقلۇق پاختا يىپ ئېگىرگىلى بولىدىغان بولۇپ، ئىلگىرىكى ئىنچىكە تالالىق 300 ئۇرچۇقتىن يۇقىرى پاختا يىپ ئېگىرىشتە پۈتۈنلەي ئىمپورت قىلىنغان ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىشلىتىدىغان، يۇقىرى دەرىجىلىك توقۇلما بۇيۇملارنى ئېچىشتا دائىم «گالنى بوغىدىغان» مەسىلەرنى ھەل قىلدى.

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

## قەشقەر ۋىلايىتى پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىشنى پائال ياخشى ئىشلىدى

### پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن** خەۋەر قىلىدۇ: «پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلى ھەم پارتىيەنىڭ ئاخباراتى ئاممىۋى پىكىر بازىسى، ھەم بىلىم تارقىتىش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىشتىكى ئىدىيەۋى قورال.» 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى چياۋ شياڭخۇا يەنە بىر قېتىم مۇنداق تەكىتلىدى: ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشى، پۇختا تۇتۇشى، ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، قەشقەر ۋىلايىتى 2021 ـ يىللىق پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتى سىن يىغىنى ئاچقاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، 2021 ـ يىللىق نۇقتىلىق پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش سانىنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگە قەدەر، قەشقەر ۋىلايىتى ‹شىنجاڭ گېزىتى›گە 24 مىڭ 514 پارچە مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى تاماملىدى، بۇ، بۇلتۇرنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 980 پارچە كۆپەيدى؛ ‹بۈگۈنكى شىنجاڭ› ژۇرنىلىغا 16 مىڭ 117 پارچە مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى تاماملىدى، بۇ، بۇلتۇرنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 229 پارچە كۆپەيدى.» جۇڭگو پوچتا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى قەشقەر ۋىلايەتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى شيا فېيجۈن مۇنداق دېدى: «خەلق گېزىتى» قاتارلىقلارغا مۇشتەرى بولۇش سانى بۇلتۇرنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاشتى.

پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى كارخانىلارغا، مەھەللىلەرگە، دۇكانلارغا كىرگۈزۈپ، پارتىيەنىڭ ئاۋازىنى ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاققىچە ۋاقتىدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەردىكى پوچتا كارخانىلىرىنىڭ «بىرىنچى قول رەھبەر»لىرى پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىدىكى «بىرىنچى مەسئۇل كىشى» بولۇش سۈپىتىدە، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى پوچتا شىركەتلىرى پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات تارماقلىرىغا پائال ماسلىشىپ، پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش سۈرئىتىنى ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، زاكاز قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى تولۇق زاكاز قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ قوبۇل قىلىنغان مۇشتەرى سانلىق مەلۇماتلىرىنى قېزىش ۋە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، تارقىتىشتىكى ئاجىز نۇقتىلار ۋە بوشلۇقنى تېپىپ چىقىپ، پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات تارماقلىرى، گېزىت ـ ژۇرنال نەشرىياتلىرى بىلەن بىرلىكتە تارقىتىش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش تەشۋىقاتىنى قاراتمىلىق ھالدا قانات يايدۇردى؛ پوچتىنىڭ تور ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تارقىتىش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، توردا مۇشتەرى بولۇش (جۇڭگو پوچتىسى گېزىت ـ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇش تور بېكىتى، يان تېلېفون مىكرو پوچتا ئىدارىسى، جۇڭگو پوچتىسى ئوقۇش تورى قاتارلىق توردىكى يوللار)نى كېڭەيتىپ، كەڭ ئابونچىلارنى قولايلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان گېزىت ـ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى.

پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى يەنە «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى» سۇپىسى ۋە «ئانار بۇلۇت» تېرمىنالىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كىرگۈزۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق كىرگۈزۈش، ئۆگىنىشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق ئۆگىنىشكە تىرىشتى.

شىنجاڭ پارتىيە تاراتقۇسىنىڭ بىرىنچى تېرمىنالى بولۇش سۈپىتى بىلەن «ئانار بۇلۇت» تېرمىنالى ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇزلۇق ئۇچۇرلىرىنىڭ بىرىنچى ئېلان قىلىش سۇپىسى، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىنىڭ مۇھىم كىرىش ئېغىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «‹ئانار بۇلۇت› تېرمىنالى بىزنىڭ پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىپ، سىياسىي نەزەرىيە ساپايىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزدىكى مۇھىم ۋاستە.» قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى جاڭ لى مۇنداق دېدى: قەشقەر ۋىلايىتى «ئانار بۇلۇت» تېرمىنالىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىشلىتىشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى ئىشلەپ، قاپلاش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىدۇ.

## «ئانار بۇلۇت» تېرمىنالىنىڭ چۈشۈرۈلۈش مىقدارى 1 مىليوندىن ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىنىڭ مۇھىم كىرىش ئېغىزى ھېسابلىنىدۇ. 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن باشلاپ «ئانار بۇلۇت» ئارقا ـ ئارقىدىن ھەرقايسى چوڭ ئاساسىي ئېقىم ئەمەلىي قوللىنىشچان تېرمىنال بازىرىدا بازارغا سېلىندى، ئىككى ئايلىق ئاشكارا سىناش ۋە ئەلالاشتۇرۇش ئارقىلىق، 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ رەسمىي كېڭەيتىلدى.

«ئانار بۇلۇت» تېرمىنالى شىنجاڭ گېزىتخانىسى (شىنجاڭ گېزىتچىلىك ـ تاراتقۇ گۇرۇھى)، 85 ناھىيە دەرىجىلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست تاراتقۇلىرى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ھۆكۈمەت ئىشلىرى يېڭى تاراتقۇلىرىنىڭ كۈچلۈك مۇخبىرلىق ـ تەھرىرلىك كۈچى ۋە مول مەزمۇن بايلىقىغا تايىنىپ، ئابونچىلارنى پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىغان ئىجادىي ئاخبارات خەۋەرلىرى ۋە يېڭى يەرلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەشكە كۈچ چىقاردى. تېرمىنال ئاخبارات بۆلىكىدە تەۋسىيە، مۇھىم خەۋەر، سىن، جەمئىيەت، ۋەزىيەت، كۆزقاراش، سۈرەت، ۋىلايەت ـ ئوبلاست، شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش، مەخسۇس تېما قاتارلىق ئىستون ـ قانالالار تەسىس قىلىندى، ئېلان قىلىنغان ئۇچۇرلار سۈرەتلىك خەۋەر، قىسقا سىن، كۆچمە بىۋاستە كۆرسىتىش، H5 كارتون قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، «ئانار بۇلۇت» «ئاخبارات+ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى، سودا» ئەندىزىسى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، 3 ـ تەرەپ سۇپىسى بىلەن جىپسىلىشىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى مۇلازىمىتى، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى، ئاممىۋى مۇلازىمەت، خەلققە قولايلىق مۇلازىمەتنى قاپلىغان «مۇلازىمەت» بۆلىكىنى بەرپا قىلدى، نۆۋەتتە 30دىن ئارتۇق تارماق، ئورۇننىڭ 2800 تۈردىن ئارتۇق مۇلازىمىتىنى توپلاپ، ئابونچىلارنى قولايلىق، تېز بولغان مەسلىھەت سوراش ۋە ئىش بېجىرىش كۆزنىكى بىلەن تەمىنلىدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)